# 65903 ـ نىپاس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھامىلدارلىقتىن چەكلەش ئۈزۈكى سالدۇرغانلىق سەۋەبىدىن قان كەلگەنلىكى توغرىسىدا

---

**سۇئال**

مەن رامزاندىن ئون كۈن ئىلگىرى نىپاسىنىڭ قىنى ئۈزۈلگەندىن كېيىن رامزاندىن ئىككى كۈن بۇرۇن ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى سالدۇرۇش ئۈچۈن دوختۇرنىڭ يېنىغا باردىم، ئاندىن كېيىن قايتىدىن قان كېلىشكە باشلىدى ھەتتا بۈگۈنگىچىمۇ كېلىۋاتىدۇ، روزا تۇتۇپ، نامازنى ئوقۇۋېرىمەنمۇ؟ مەن شۇنداق قىلىۋاتاتتىم، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئەسلىدە ئايالدىن كەلگەن قان ئون بەش كۈندىن ئېشىپ كەتمىسە ئۇ ھەيزنىڭ قىنى ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر ئون بەش كۈندىن ئېشىپ كەتسە كۆپچىلىك پىقھى ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا ئىستىھازە(خۇن كېسىلى) ھېسابلىنىدۇ، بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا: ئەگەر ئاينىڭ كۆپ ۋاقتىدا قان كېلىدىغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا بۇ ئايالدىن كەلگەن قاننىڭ ھۆكمى خۇن كېسىلى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى: ئايالنىڭ ئايلىق ئادىتى بەزى زىيادە بولىدۇ، بەزى كېمىيىدۇ، بەزى ئىلگىرى-كېيىن بولىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتلەردە كەلگەن قانغا پىقھى ئالىملىرىنىڭ كۈچلۈك قارىشىدا ئۇنىڭ تەكرار كەلگىنىگە قارىماستىن بۇ ھەيزنىڭ قىنى دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

بەزى ۋاقىتتا ئايالنىڭ ئادەت كۈنى يەتتە كۈن بولۇپ، قان ئون كۈنگىچە داۋاملاشسا، بۇنىڭ ھەممىسىگە ھەيز دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى: ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى سالدۇرۇش كۆپ ۋاقىتلاردا ئايلىق ئادەتنى قالايمىقان قىلىش، ئىلگىرى-كېيىن قىلىش ۋە ھەيز قېنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىش قاتارلىق ئىشلارغا سەۋەپ بولىدۇ.

تۆتىنچى: سىزنىڭ سوئالىڭىزنىڭ مەزمۇنىغا كۆرە، سىزدىن تۇراقسىز قان كېلىشى ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكىنى

سالدۇرغاندىن كېيىن رامزاندىن ئىككى كۈن بۇرۇن باشلىنىپ تاكى ھازىرغىچە (رامىزاننىڭ يەتتىنچى كۈنىگىچە)داۋاملىشىپتۇ، ئىلگىرىكى ئايلىق ئادەت كۆرۈدىغان ۋاقتىڭىز ئېنىق بولماپتۇ، يەنى ئادەت ئۆز ۋاقتىدا كەلدىمۇ ياكى ئىلگىرى-كېيىن كەلدىمۇ بۇ ئېنىق ئەمەس؟، مۇشۇ ئىشلارغا ئاساسەن: سىزدىن كەلگەن قانغا ھەيزنىڭ قىنى دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئەگەر ئون بەش كۈندىن زىيادە بولۇپ كەتسە، ئۇ ۋاقىتتا ئىستىھازە بولىسىز(خۇن كېسىلى بولىسىز). بەزى ئۆلىمالار ئاينىڭ كۆپ ۋاقتىدا قان كەلسە خۇن كېسلى ھېسابلىنىدۇ دەيدۇ. سىزنىڭ ئىستەھازە(خۇن كېسىلى ئىكەنلىكىڭىز) بېكىتىلسە، سىز تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئەھۋالنىڭ ئارىسىدا بولىسىز:

1–سىزنىڭ ئىلگىرى مەلۇم ئادەت كۈنىڭىز بولغان بولۇپ، سىز ھەر ئايدا شۇ ئادىتىڭىز بويىچە ناماز، روزا ۋە باشقا چەكلەنگەن ئىشلاردىن يىراق بولىسىز، ئادەت كۈنىڭىز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يۇيۇنۇپ ناماز، روزا ۋە باشقا ئىشلىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرىسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگىنى ئىستىھازە(خۇن كېسلى) بولىدۇ.

2–ئەگەر سىزنىڭ ئىلگىرىكى بېكىتىلگەن ئادەت كۈنىڭىز بولمىسا، ئۇ ۋاقىتدا سىز قانلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ پەرىقلەندۈرىسىز، ھەيزنىڭ قىنى قويۇق، قاپقارا، پۇرىقى سېسىق بولىدۇ، ئادەتتە قان كەلگەندە ئاغرىتىپ كىلىدۇ، ئىستىھازىنىڭ قىنى بولسا رەڭگى ئوچۇق ۋە سۇيۇق كىلىدۇ، قويۇق قارا قان كەلگەن كۈنلەر ھەيز كۈنلىرىڭىز بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىچە كەلسە ئىستىھازە بولىدۇ.

3– ئەگەر قانلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىغىلى بولمىسا، ھەر ئايدا ئالتە كۈن ياكى يەتتە كۈن مىقداردا ناماز ئوقۇماي، رامىزان بولسا روزا تۇتماي تۇرىسىز، ھەيز ۋاقتىدا چەكلىنىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىسىز، چۈنكى بۇ كۈنلەر كۆپچىلىك ئاياللارنىڭ ئايلىق ئادەت كۈنلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇپ نامازنى ۋە باشقا چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلسىڭىز بولىدۇ.

ئىستىھازە-خۇن كېسلى بولۇپ قالغان ئايال، روزا تۇتىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، جىنسى مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ھەر بىر پەرىز نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن شۇ نامازغا تاھارەت ئالىدۇ. شۇ تاھارەت بىلەن يەنە بىر پەرىز نامازنىڭ ۋاقتى كىرگۈچە خالىغانچە نەپلە نامازلارنى ئادا قىلسا بولىدۇ.

مۇستەھازە(خۇن كېسلى بولۇپ قالغان ئايال) نىڭ ئەھۋالى 68818 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا دەلىللىرى بىلەن تەپسىلى بايان قىلىندى.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.